# شنجاڭ گېزىتى

新疆日报　شىنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 9 ـ ئاي

25

جۈمە

维吾尔文 9 月25日

شنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى　新疆日报网 : www.xjdaily.com

مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى : CN 65—0002/—W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى : 1—57　ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى : xjrbdzb@xjdaily.com　25195 ـ سان　بۈگۈن 8 بەت


### شى جىنپىڭ تەمىنات ـ سودا ھەمكارلىق كوپېراتىپى خىزمىتى توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ مۇنداق تەكىتلىدى

# يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش تۈپ مەقسىتىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئۇنىۋېرسال ئىسلاھاتنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تىرىشىپ يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن كۈچ قوشۇش كېرەك

### لى كېچياڭ تەستىقىي يوليورۇق بەردى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يېقىندا تەمىنات ـ سودا ھەمكارلىق كوپېراتىپى خىزمىتى توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى:

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# بايراق تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىغا يېتەكچىلىك قىلدى تەرەققىياتنىڭ يېڭى سەھىپىسى يېزىلدى

## ـــ يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكى توغرىسىدا خاتىرە

**□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى لى دادۇڭ، ۋاڭ چى، لىيۇ بىڭ، يۈ تاۋ**

بىزنىڭ شىنجاڭ ياخشى جاي، تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىنىڭ مەنزىرىسى گۈزەل ـــ

ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمال بۇرجىكى 1 مىليون 660 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق كېلىدىغان گۈزەل شىنجاڭ. بۇ تۇپراقتا ياشاۋاتقان 56 مىللەت، 25 مىليون جۇڭخۇا ئوغۇل ـ قىزلىرى ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ، بوشاشماي كۈرەش قىلىپ، گۈزەل يۇرت ـ ماكانىنى ئورتاق گۈللەندۈرمەكتە.

«پۈتۈن پارتىيە شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىنى ئىستراتېگىيە ۋە پۈتۈن ۋەزىيەت يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ تونۇشى كېرەك». پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ۋەزىيەتنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى ئىلمىي تەھلىل قىلىپ، شىنجاڭ خىزمىتىدىكى بىر قاتار مۇھىم، زور نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت مەسىلىلىرىنى چوڭقۇر شەرھلەپ، يېڭى ۋەزىيەتتە شىنجاڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى.

بۈگۈنكى شىنجاڭدا، بىپايان تارىم ئويمانلىقىدىن ئېگىز ئالتاي تېغىغىچە، ھەيۋەتلىك پامىر ئېگىزلىكىدىن مۇنبەت تۇرپان ئويمانلىقىغىچە، ھەممە جاي جۇشقۇن ئۆمىدكە تولدى.

يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، باش چۆكۈرۈپ جاپالىق ئىشلەپ، جاسارەت بىلەن ئىنتىلىپ ـ ئىناق، ئاۋات ـ باي، مەدەنىي بولغان، تەرەققىي قىلغان، خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەيدىغان جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقماقتا.



بىپايان قۇملۇقلار، كۆز يەتكۈسىز چۆل ـ جەزىرىلەر، 1000 چاقىرىمغا سوزۇلغان تاغلار، ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان بوستانلىقلار ـــ

تىنچ ئازاد قىلىنغاندىن بۇيان، ھەر نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ قۇدرەتلىك كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭ قاقاسلىقتىن ئاۋاتلىشىشقا، نامراتلىقتىن بېيىشقا، بېكىنمىلىكتىن ئېچىۋېتىشكە، قالاقلىقتىن ئىلغارلىققا قاراپ ئىلگىرىلىدى.

شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى باش شۇجى شى جىنپىڭ ئىنتايىن پىششىق بىلىدۇ. 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدىلا، يولداش شى جىنپىڭ شىنجاڭغا كەلگەن. جېجياڭدا ئاساسلىق رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن مەزگىلدە، يولداش شى جىنپىڭ خوتەن ۋىلايىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا نىشانلىق ياردەم بېرىش، جېجياڭ ۋە شىنجاڭدىن ئىبارەت ئىككى ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي ھەمكارلىقىنى ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدا شىنجاڭدىكى يولداشلار بىلەن كۆپ قېتىم پىكىر ئالماشتۇرغان، ئىزدەنگەن. 2003 ـ يىلى، يولداش شى جىنپىڭ جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ شىنجاڭغا كېلىپ سەككىز كۈن تەكشۈرۈشتە بولۇپ، تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا قەدەم ئىزنالىرىنى قالدۇرغانىدى.

مەركەزگە بېرىپ خىزمەت قىلغاندىن كېيىن، يولداش شى جىنپىڭ 2009 ـ يىلى شىنجاڭغا كېلىپ بەش كۈن تەكشۈرۈشتە بولدى، بايىنغولىن، قەشقەر، قاراماي، شىخەنزە، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردىكى يېزىلار، كارخانىلار، مەھەللىلەر، مەكتەپلەردە سىيماسى قالدى.

پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، كۆپ قېتىم مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنى، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى يىغىنى ئېچىپ شىنجاڭ خىزمىتىنى تەتقىق قىلدى. بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۆزى شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈشتە بولۇپ، 2 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا مۇھىم سۆز قىلىپ، 12 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 5 ـ يىغىنىدا شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتنىشىپ، شىنجاڭ خىزمىتىنى ئىستراتېگىيە ۋە پۈتۈن ۋەزىيەت يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ كۆزىتىپ، پىلانلاپ،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

# ھەيۋەتلىك تيانشاندا ئۇلۇغۋار ئىشلار ۋۇجۇدقا چىقتى

## ـــ يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ شىنجاڭ تۇپرىقىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيىتى

**□ گېزىتىمىز تەھرىر بۆلۈمى**

**1**

9 ـ ئاي، كۆز قۇياشى پارلاپ تۇراتتى. تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالى گۈزەل تۈسكە كىرگەنىدى.

ھەر خىل رەڭلەر كىشىلەرنى مەھلىيا قىلاتتى، مېۋىلەرنىڭ شېرىن تەمى قەلبلەرنى مەستخۇش قىلاتتى، كېلىپ ـ كېتىپ تۇرۇۋاتقان كىشىلەر ھەمىشە كېلىشۈالغاندەكلا ھاياجان بىلەن: شىنجاڭ ياخشى جاي! دېيىشەتتى.

شۇنداق، شىنجاڭ ياخشى جاي! شىنجاڭدا تۇرمۇش تىنچ ـ خاتىرجەم، يۇرت ـ ماكان ئامان ـ ئېسەن؛ شىنجاڭنىڭ ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ، ئىستىقبالى چەكسىز.

بۈگۈنكى شىنجاڭ ۋەتىنىمىزنىڭ بىپايان زېمىنىدىكى گۈللەپ ياشناۋاتقان بىر پارچە مۇنبەت تۇپراق، شۇنداقلا يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغىدىكى چاقناپ تۇرغان بىر مەرۋايىت.

بۈگۈنكى شىنجاڭدا، بىپايان تۇپراق ياساندى يېپيېڭى تۈسكە كىرىپ، ئىشلىرىمىز ياشناپ چوقۇم رەڭدار بولۇدىغان بولغۇسى.

بۇ خىل يېپيېڭى كەيپىيات يول باشلاش كۈچىدىن كەلگەن.

ۋاقىتنى 2014 ـ يىلى 5 ـ ئايغا قايتۇرساق، 2 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت تارىخىي يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ كەلگۈسىنى پىلانلاپ، شىنجاڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ زور ئىشى ئىكەنلىكىنى، جەزمەن ئۇزاق كەلگۈسى پىلان ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئاساسىنى پۇختىلاش تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇپ، ئەبەدىي ئەمىنلىك ۋەزىيىتى يارىتىپ، ئەبەدىي ئەمىنلىك ئىشلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى. يىغىندا ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ باش نىشانى قىلىپ بېكىتىلىپ، پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى بېيىتىلىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇلۇپ، 1 مىليون 660 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بىپايان تۇپراق ئۈچۈن تارىخىي يۆنىلىش بەلگىلەپ بېرىلدى، بۇ، شىنجاڭنىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرىگە چوڭقۇر ئۇزاق تەسىر كۆرسەتتى.

يۈكسەك بۇرچ باتۇرلۇق بىلەن زېمىنگە ئېلىشقا رىغبەتلەندۈردى.

2014 ـ يىلىدىكى ئاشۇ باھاردا سەپەرگە ئاتلىنىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى 25 مىليون تيانشان ئوغۇل ـ قىزلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، شىنجاڭنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ مۇقىم قىلىش، شىنجاڭنى ئۇزاققىچە گۈللەندۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، باش نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مەردانە مۇساپىسىدە، بوران ـ چاپقۇنغا قارىماي ئالغا ئىلگىرىلىدى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)



9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئەڭ ئاخىرقى لىم جازىسىنىڭ قۇراشتۇرۇلۇپ جايىغا قويۇلۇشى بىلەن، G7 بېيجىڭ ـ شىنجاڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك يولىنىڭ «ئەڭ ئاخىرقى بىر كىلومېتىر»ى ـــ ۋۇتۇڭ داچۈەندىن مورىغىچە بولغان بۆلىكى تۇتاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزدا شىنجاڭغا كىرىپ ـ چىقىدىغان 2 ـ يۇقىرى سۈرئەتلىك يول چوڭ لىنىيەسى شەكىللەندى.

G7 بېيجىڭ ـ شىنجاڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك يولىنىڭ «ئەڭ ئاخىرقى بىر كىلومېتىر» ئاساسىي لىنىيەسى تۇتاشتۇرۇلدى

□ جاڭ نەيچۈەن فوتوسى

# شى جىنپىڭنىڭ «مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر ۋەكىللىرى سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان سۆز»ىنىڭ كىتابچىسى نەشر قىلىندى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ «مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر ۋەكىللىرى سۆھبەت يىغىنىدا قىلىنغان سۆز»ىنىڭ كىتابچىسى خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۈگۈندىن باشلاپ پۈتۈن مەملىكەتتىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا تارقىتىلىدۇ.

# جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ يېڭى شان ـ شەرىپىنى ئۈزلۈكسىز يارىتايلى

## ـــ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر ۋەكىللىرى سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

**□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى**

«‹14 ـ بەش يىل› مەزگىلىدە، بىز مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى پۈتۈن ۋەزىيەت خىزمىتىدە گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، ھەقىقىي چىڭ تۇتۇشىمىز، ياخشى تۇتۇشىمىز كېرەك.» مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر ۋەكىللىرى سۆھبەت يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى دۆلىتىمىز مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى، ماركسىزمنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى يېتەكچىلىك ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتى مەيدانىنى چىڭ ساقلاپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشى ئارقىلىق مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، بايراقنى كۆتۈرۈش، خەلق رايىنى مۇجەسسەملەش، يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش، مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش، ئوبرازنى نامايان قىلىشتىن ئىبارەت بۇرچ ـ ۋەزىپىنى زىچ چۆرىدەپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، مەدەنىيەت ئىشلىرى ۋە مەدەنىيەت كەسپىنى گۈللەندۈرۈپ، تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت يۇمشاق ئەمەلىي كۈچىنى ئۆستۈرۈپ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ تەسىر كۈچىنى ئاشۇرۇپ، مەدەنىيەتنىڭ كەيپىياتنى يېتەكلەش، خەلقنى تەربىيەلەش، جەمئىيەتكە مۇلازىمەت قىلىش، تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك دەپ تەكىتلىدى.

(ئاخىرى 8 ـ بەتتە)

# مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويىمىز

## ـــ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر ۋەكىللىرى سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى

**□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز**

«جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدىغان، ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرىلەيدىغان ئۇلۇغ ئىش، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشى، تەرەققىي قىلىشى بولمىسا، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلىشىش بولمايدۇ».

9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر ۋەكىللىرى سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى، بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەدەنىيەت ۋە تەنتەربىيە خىزمەتچىلىرى ئارىسىدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى. كۆپچىلىك بەس ـ بەستە مۇنداق بىلدۈرۈشتى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشى ئارقىلىق مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مەدەنىيەت ئىشلىرى ۋە مەدەنىيەت كەسپىنى گۈللەندۈرۈپ، تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنى تېخىمۇ مەنىلىك، تېخىمۇ مول، تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىدىن بەھرىمەن قىلدۇرۇشىمىز كېرەك.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

### ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابى سىن يىغىنى ئاچتى

### دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاۋ جېيۈن خەۋەر قىلىدۇ: 9 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى كەچتە، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابى مەخسۇس تېمىلىق سىن يىغىنى ئاچتى. يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت تەلىپى زىچ چۆرىدىلىپ، ۋەزىيەت تەھلىل قىلىنىپ، ۋەزىپىلەر ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، دائىملاشقان

(ئاخىرى 8 ـ بەتتە)